# پاكلىنىش ۋە ناماز

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى باز

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل ئۇسەيمىن

تەرجىمە قىلغۇچى:

ئەسما بىنت ئابدۇلئەزىز

بۇ ئەسەر مىلادىيە **2006** ـ يىلى، ھىجرەتنىڭ **1427** ـ يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان.

بۇ كىتابنىڭ بېسىش ھوقۇقى دارۇلئىسلام تور بېكىتىدە. پەقەت تۆۋەندىكىدەك ئىككى شەرت ئاستىدا بېسىپ چىقىرىشقا بولىدۇ:

1. ئىسلام تەشۋىقات خىزمىتىگە ئىشلىتىلىدىغان بولسا.
2. مۇقاۋىسىدىن باشقا، كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

باشقا ئالاقىدار ئىشلاردا تۆۋەندىكى تور بەت بىلەن ئالاقىلىشىڭ:

**http://www.islamhouse.com**

ئۇيغۇرچە بۆلىمىمىزنىڭ تور بەت ئادرېسى:

**http://www.islamhouse.com/s/10604**

خەت ساندۇقىمىز:

**uyghur@islamhouse.com**

islamhouse.com

**1429 ـ 2008**

# مۇندەرىجە

تاھارەت ........................................................ 4
غۇسل ........................................................ 5
تەيەممۇم ........................................................ 6
ناماز ........................................................ 7
نامازنىڭ شەكلى ........................................................ 7
نامازدا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار ........................................ 12
نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار ........................................ 12
نامازدا سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدىغان ئىشلار ........................................ 12
كېسەل كىشى قانداق پاكلىنىدۇ........................................ 14
كېسەل كىشى قانداق ناماز ئوقۇيدۇ........................................ 16
جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش زۆرۈر ........................................ 18

# تاھارەت، غۇسل ۋە ناماز

بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتىن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ، مۇئمىنلەرنىڭ يولباشچىسى، پۈتۈن كائىناتنىڭ يېتەكچىسى، بىزنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئەھلى ـ ئائىلىسىگە، ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە دۇرۇد ۋە سالاملار يولايمىز.

ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالانىڭ بەندىسى مۇھەممەد سالىھ ئەل ئۇسەيمىن مۇنداق دەيدۇ:« بۇ قۇرئان ۋە سۈننەتتە تىلغا ئېلىنغان، پاكلىنىش ۋە نامازغا دائىر مەزمۇنلار بايان قىلىنغان كىتابچىدۇر.»

## تاھارەت

**تاھارەت:** تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئىشلار سادىر بولغاندىن كېيىن قايتا پاكلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش، يەل قويۇۋېتىش، ئۇخلاش ۋە تۆگە گۆشى يېيىش قاتارلىقلار.

### تاھارەتنىڭ شەكلى:

1. چىن دىلىدىن نىيەت قىلىش، ئېغىزدا دېيىش بىھاجەت. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھېچقاچان تاھارەتكە، نامازغا ياكى باشقا ئەمەلگە ئېغىزىدا نىيەت قىلمىغان. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ قەلبىدىكىنى پۈتۈنلەي بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنى ئېغىزدا دېيىشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق؛

2. «تەسمىيە» ئوقۇش، يەنى « ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېيىش؛

3. قولنى بېغىشچە ئۈچ قېتىم يۇيۇش؛

4. ئېغىز ۋە بۇرۇننى ئۈچ قېتىمدىن چايقاش؛

5. يۈزنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش ( يۈز يۇيغاندا ئۈستى تەرەپتە چاچلارغىچە، ئاستى تەرەپتە ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە ، ئىككى تەرەپتە قۇلاقلارغىچە يۇيۇش كېرەك)؛

6. قولنى بارماقلارنىڭ ئۇچىدىن جەينەككىچە ئۈچ قېتىم يۇيۇش، ئاۋۋال ئوڭ قول، ئاندىن سول قول يۇيۇلىدۇ؛

7. باشنى بىر قېتىم سىلاش. (ئىككى قولنى نەمدەپ، باشنى ئالدىدىن تاكى ئارقا مېڭىگىچە، ئاندىن ئارقا تەرەپتىن ئالدى تەرەپكىچى بىر قېتىم سىلايمىز.)

8. قۇلاقنى بىر قېتىم سىلاش. ( كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن قۇلاق ئىچىگە، باش بارماق بىلەن قۇلاق سىرتىغا مەسھ قىلىنىدۇ. )

9. پۇتنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش. ( پۇتنى بارماقلاردىن تارتىپ، تاكى ھوشۇققىچە يۇيىمىز. ئاۋۋال ئوڭ پۇت، ا
ندىن سول پۇت يۇيۇلىدۇ. )

# غۇسلى قىلىش

**غۇسل:** غۇسلىنى بۇزىدىغان ئىشلار سادىر بولغاندىن كېيىن قايتا پاكلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئىسپىرما قويۇپ بېرىش ۋە ھەيز قاتارلىقلار.

## غۇسلى قىلىشنىڭ شەكىللىرى:

1. قەلبتە نىيەت قىلىش، ئېغىزدا دېيىلمەيدۇ.
2. «تەسمىيە» ئوقۇش، يەنى « ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېيە
ش؛
3. ئاۋۋال مۇكەممەل تاھارەت ئېلىش.
4. باشنى يۇيۇش. ( ئاۋۋال چاچنىڭ يىلتىزىنى ھۆل قىلىۋالغاندىن كېيىن، باشقا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇش)
5. ئاندىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ بەدەننىڭ باشقا قىسىملىرىنى يۇيۇش

# تەيەممۇم

**تەيەممۇم قىلىش:** سۇ تاپالمىغان، ياكى سۇ ئىشلەتسە بەدىنىگە زەخمىسى بولۇشى مۇمكىنلىكى بولغان كى
شلەر سۇ ئورنىدا توپا ئىشلىتىپ، تاھارەت ئالسا ۋە غۇسلى قىلسا بولىدۇ.

## تەيەممۇم قىلىشنىڭ شەكلى:

تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلى قىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلىنىدۇ، ئاندىن قولنى يەرگە ياكى توپا قونغان تام دې
گەن نەرسىگە ئۇرۇپ، يۈزى ۋە قولغا مەسھ قىلىدۇ.

# ناماز

**ناماز:** سۆز ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئىبادەت بولۇپ، تەكبىر بىلەن باشلىنىپ، سالام بې

رىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بىرەر كىشى ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىدا، تاھارەتسىز بولسا تاھارەت ئېلىشى، غۇسلىسىز بولسا غۇسلى قىلىشى لازىم. ئەگەر سۇ تاپالمىسا، ياكى سۇ ئىشلەتسە بەدىنىگە زەخىم يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، تەيەممۇم قىلى شى لازىم. بەدىنىنى،كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇنلارنى پاكلاش لازىم.

## نامازنىڭ شەكىللىرى

**1. يۈتۈن دىققىتى بىلەن كەئبىگە يۈزلىنىپ تۇرۇش.** باشقا ياققا بۇرۇلۇشقا، ئوڭ ـ سول تەرەپكە قاراشقا بولماي دۇ.
**2. قەلبتە نىيەت قىلىش.** ئېغىزدا دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**3. تەكبىر ئېيتىپ نامازغا كىرىش.** « اللّهُ أَكْبَرُ » دېيىش، قولنى مۈرە ئېگىزلىكىگىچە كۆتۈرۈش. (ھەنەفىيە مە

ەزھىپىنىڭ قارىشى بويىچە قۇلاقنىڭ يۇمشىقىغىچە كۆتۈرۈش كېرەك.)

**4. ئوڭ قولنىڭ ئالقىنىنى سول قولنىڭ دۈمبىسىگە قويۇش.** ئىككى قولنى كۆرەر ئۈستىگە قويۇش. (ھەنەفىيە مە زھىپىنىڭ قارىشى بويىچە قول ئەركىن ھالدا كىندىك ئاستىغا قويۇلىدۇ.)

**5. تەسبىھ دۇئاسى ئوقۇش:**

اللّهُمّ بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ. اللّهُمّ نَقّنِي مِنْ خَطَايَايَ كَمَا يُنَقّى الثّوْبُ

الأَبْيَضُ مِنَ الدّنَسِ. اللّهُمّ اغْسِلْنِي مِنْ خَطَايَايَ بِالثّلْجِ وَالْمَاءِ وَالْبَرَدِ

تەرجىمىسى:
ئى ئاللاھ! مەن بىلەن مېنىڭ خاتالىقلىرىمنىڭ ئارىسىنى خۇددى شەرق بىلەن شەربىنىڭ ئارىلىقىدەك يىراق قىلغىن. ئى ئاللاھ! مېنى خۇددى ئاق كىيىم كىردىن پاكلانغاندەك گۇناھلىرىمدىن پاك قىلغىن. ئى ئاللاھ! سۇ بىلەن، قار بىلەن، مۆزدەك سۇ بىلەن مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى يۇيۇۋەتكىن!

ۋە ياكى تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ:

سُبْحَانَكَ اللَّهُمَ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَىَ جَدُّكَ وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ.

تەرجىمىسى:
سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، ئى ئاللاھ، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ساڭىلا خاستۇر، سېنىڭ ئىسمىڭ مۇبارەكتۇر ، سەن ھەممىدىن ئالىيسەن! سېنىڭدىن بۆلەك چوقۇنۇشقا لايىق ھېچبىر زات يوقتۇر.

**6. شەيتاندىن پاناھلىق تىلەش:**

أَعُوذُ  بِاللهِ مِنْ الشَّيْطَانِ الرَجِيْمِ

تەرجىمىسى:

ئى ئاللاھ، ساڭا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھلىق تىلەيمەن.

7. تەسمىيە ۋە فاتىھە ئوقۇش.

﴿ بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ۞ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ العَالَمِينَ ۞ الرَّحْمَـــنِ الرَّحِيمِ۞مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ۞إِيَّاكَ نَعْبُدُ

وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ۞اهْدِنَا الصِّرَاطَ الُمسْتَقِيمَ۞صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ المَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ  وَلاَ الضَّالِّينَ ﴾ ۞ آمين①

تەرجىمىسى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ا الله  نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن [1]. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ا الله  قا خاستۇر [2]. ا الله  ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر [3]. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر [4]. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز [5]. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن [6]. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن) [7]. ئامىن.

فاتىھە سۈرىسى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئامىن، دېيىلىدۇ. مەنىسى: ئى ئاللاھ، دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلغىن ، دېگەنلىك بولىدۇ.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

﴿ قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ ۞ اللَّهُ الصَّمَدُ ۞ لَمْ يَلِدْ  وَلَمْ يُولَدْ۞ وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ ۞ ﴾ ②

تەرجىمىسى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ا الله  نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ ا الله  بىردۇر [1]. ھەممە ا الله  قا موھتاجدۇر [2]. ا الله  بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3]. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4].

(ياكى باشقا ئاسانراق سۈرىلەرنى قوشۇپ ئوقۇسىمۇ بولۇۋېرىدۇ).

8. **ئاسانراق سۈرىلەرنى تاللاپ ئوقۇش.** بامدات نامىزىدا ئۇزۇنراق سۈرىلەر قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

9. **رۇكۇ قىلىش.** ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تازىم قىلىشتۇر. رۇكۇ قىلغاندا ئاللاھقا تەسبىھ ئوقۇلىدۇ، شۇنداقلا ئىككى قول مۈرىگىچە كۆتۈرۈلىدۇ. ( ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ قارىشى بويىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ.) سۈننەتكە كۆرە، باش دۈمبە بىلەن تەكشى ھالەتتە بولۇشى كېرەك. ئىككى قول ئىككى تىزنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

10. **رۇكۇدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

سُبْحَانَ  رَبِّيَ الْعَظِيْم

مەنىسى:

ھەممىدىن ئۇلۇغ رەببىمنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمەن.

بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇش ياخشىدۇر:

سُبْحَانَكَ اللّهُمّ رَبّنَا وَبِحَمْدِكَ، اللّهُمّ اغْفِرْ لِي

مەنىسى:

سەن پاكتۇرسەن، ئى ئاللاھ! مەدھىيە ساڭىلا خاستۇر. ئى ئاللاھ! بىزنى مەغفىرەت قىلغىن.

**11. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندەك تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ:**

سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَه

مەنىسى:

ئاللاھ ھەمدى ئوقۇغۇچىنىڭ ھەمدىسىنى ئاڭلىدى.

ئىككى قولنى يەنە مۇرىگىچە كۆتۈرىدۇ. ( ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ قارىشى بويىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ). ئىمامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇغان كىشى سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَه دېمەيدۇ. ئورنىدىن تۇرغۇچە:

رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْد

بۇ دۇئانىڭ مەنىسى: « ئى رەببىمىز! سەن مەدھىيىگە لايىقتۇرسەن!» .

**12. رۇكۇدىن تولۇق تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ:**

رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْد حَمْداً كَثِيراً طَيِّباً مُبَارَكاً فِيهِ،مُلِءُ السَّمَاوَاتِ وَمُلِءُ الْأَرْضِ، وَمُلِءُ مَا بَيْنَهُمَا وَمُلِءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْد

مەنىسى:

**13. ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا بىرىنچى قېتىم سەجدە قىلىش:**

سەجدىگە بارغاندا اللّهُ أَكْبَرُ دەپ تەكبىر ئوقۇلىدۇ. سەجدىدە يەتتە ئەزا سەجدە قىلىدۇ: پېشانە، بۇرۇن، ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇتنىڭ بارماق ئۇچلىرى قىبلىگە قارىتىلىشى لازىم.

**14. سەجدىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى

مەنىسى:

ھەممىدىن ئالىي رەببىم پاكتۇر.

بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇشقا بولىدۇ:

سُبْحَانَكَ اللّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ، اللّهُمَّ اغْفِرْ لِي

مەنىسى:

سەن پاكتۇرسەن، ئى ئاللاھ! مەدھىيە ساڭىلا خاستۇر. ئى ئاللاھ! بىزنى مەغفىرەت قىلغىن.

**15. اللّهُ أَكْبَرُ دەپ تەكبىر ئوقۇپ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈش.**

**16. ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا تەشەھھۇتتا ئولتۇرۇش: (سول پۇتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش)**

ئوڭ پۇت تىكلىنىدۇ، ئوڭ قول يوتىغا قويۇلىدۇ، كۆرسەتكۈچ بارماق چىقىرىلىپ، دۇئا قىلىۋاتقاندا مىدىرلىتىلىدۇ، باشقا بارماقلار چىڭ تۈگۈلىدۇ. سول قول سول پۇتنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ.

**17. ئىككى سەجدە ئارىلىقىدى تەشەھھۇتتا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

رَّبِ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي وَعَافِنِي وَاجْبُرْنِي

مەنىسى:

ئى رەببىمىز! مېنى مەغفىرەت قىل! ماڭا رەھىم قىل! مېنى ھىدايەت قىل! مېنى رىزىقلاندۇر! مېنى ساغلام قىل!

**18. تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا ئىككىنچى سەجدىنى قىلىش:**

بىرىنچى قېتىملىقىقا ئوخشاش، سەجدىگە بارغاندا اللّهُ أَكْبَرُ دەپ تەكبىر ئوقۇلىدۇ.

**19. ئىككىنچى قېتىملىق سەجدىدىن** اللّهُ أَكْبَرُ **دەپ تەكبىر ئوقۇپ باش كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇش**، ئاندىن خۇددى بىرىنچى رەكئەتكە ئوخشاش، ئىككىنچى رەكئەت ناماز ئوقۇلىدۇ. لېكىن ئىككىنچى رەكئەتنى باشلىغاندا تەسبىھ دۇئاسى ئوقۇلمايدۇ.

**20. ئىككىنچى رەكئەت ناماز ئاخىرلاشقاندا**، خۇددى ئىككى سەجدە ئارىلىقىدىكى تەشەھھۇتتەك تەشەھھۇتتا ئولتۇرۇلىدۇ.

21. بۇ چاغدا تەشەھھۇت دۇئاسى ئوقۇلىدۇ:

التّحِيّاتُ للهِ وَالصّلَوَاتُ لِلّهِ وَالطّيّبَاتُ. السّلاَمُ عَلَيْكَ أَيّهَا النّبِيّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ. السّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصّالِحِينَ. أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللهُ وَأَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

اللّهُمّ صَلّ عَلَى مُحَمّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمّدٍ كَمَا صَلّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ. إِنّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ. وَبَارِكْ عَلَى مُحَمّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ. إِنّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

اللّهُمّ إِنّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنّمَ، وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ، وَمِنْ شَرّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدّجّالِ.

مەنىسى:

ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئوقۇغۇچى رەببىدىن ئۆزى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئۇستازى، ئەر ۋە ئايال مۇئمىنلەر، شۇنداقلا بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىسە، ئۇلارنىڭ ئىككى ئالەملىكنى ياخشى قىلىپ بېرىشىنى تىلىسە بولىدۇ.

**22. سالام بېرىپ نامازدىن چىقىش**

يۇقارقىلاردىن كېيىن ئىككى تەرەپكە تۆۋەندىكىدەك سالام بېرىپ نامازدىن چىقىمىز:

السّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ

مەنىسى:

ئاللاھ سىلەرگە ئامانلىق ۋە رەھمەت ئاتا قىلسۇن!

**23. ئەگەر ناماز ئۈچ ياكى تۆت رەكئەت بولغاندىكى ئوقۇلۇشى:**

بۇ ئەھۋالدا تەشەھھۇد دۇئاسىدىن كېيىن توختايدۇ. يەنى تۆۋەندىكى ئورۇندا:

أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللهُ وَأَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ“

مەنىسى:

گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە

ئەلچىسى.

**24. اللّٰهُ أَكْبَرُ دەپ تەكبىر ئوقۇپ ئورۇندىن تۇرۇش:**

ئورۇندىن تۇرغاندا ئىككى قول مۈرىگىچە كۆتۈرۈلىدۇ. ( ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ قارىشى بويىچە كۆتۈرمەيدۇ.)

**25. قالغان نامازلار ئوقۇلىدۇ:** ئوقۇلۇش ئۇسۇلى ئالدىنقى ئىككى رەكئەت نامازغا ئوخشايدۇ. لېكىن كېيىنكى رەكئەتلەردە فاتىھەدىن كېيىن باشقا سۈرە ئوقۇلمايدۇ.

**26. ئوڭ پۇتنى تىكلەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش:** سول پۇتنى ئوڭ پاقالچەكنىڭ ئاستىغا قويۇپ يەردە ئولتۇرىمىز، ئىككى قولنى يوتىغا قويۇپ بىرىنچى قېتىمقى تەشەھھۇتتەك ئولتۇرىمىز.

**27. بۇ قېتىم تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا تەشەھھۇت دۇرۇتلىرىنى تولۇق ئوقۇيمىز.**

**28. سالام بېرىپ نامازدىن چىقىش**

يۈقارقىلاردىن كېيىن ئىككى تەرەپكە تۆۋەندىكىدەك سالام بېرىپ نامازدىن چىقىمىز:

السَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ الله

مەنىسى:

ئاللاھ سىلەرگە ئامانلىق ۋە رەھمەت ئاتا قىلسۇن!

# نامازدا كۆرۈلىدىغان مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار

1. نامازدا باشنى ۋە كۆزنى ئۇياق ـ بۇياققا بۇراش مەكرۇھ بولىدىغان ئىشتۇر. نامازدا ئاسمانغا قاراش چەكلىنىدۇ. ( هارام)
2. ناماز جەريانىدا ئويىنىشىش ۋە باشقا زۆرۈرىيىتى يوق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش مەكرۇھتۇر.
3. نامازدا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلىدىغان رەڭلىك نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىش مەكرۇھتۇر.
4. نامازدا قولنى بېلگە تىرەش مەكرۇھتۇر.

# نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار

## نامازدا:

1. قەستەن گەپ قىلىش نامازنى بۇزىدۇ، مەيلى قانچىلىك ئاز گەپ قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.
2. نامازدا بەدەننىڭ يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتىش نامازنى بۇزىدۇ.
3. يەل قويۇپ بېرىش ۋە شۇنىڭدەك بارلىق تاھارەت بۇزىدىغان ئىشلار نامازنى بۇزىدۇ.
4. بىھۇدە ئىشلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىش نامازنى بۇزىدۇ.
5. نامازدا كۈلۈش نامازنى بۇزىدۇ.
6. قەستەن قىيامنى، رۇكۇنى، سەجدىنى ياكى تەشەھھۇتنى كۆپەيتىش نامازنى بۇزىدۇ.
7. قەستەن ئىمامدىن بالدۇر چىقىۋېلىش نامازنى بۇزىدۇ.

# نامازدا سەۋەنلىك تۈپەيلى سەجدە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلار

## نامازدا:

1. ئەگەر سەۋەنلىك تۈپەيلى قىيامنى، رۇكۇنى، سەجدىنى ياكى تەشەھھۇتنى ئارتۇق قىلىۋەتسە، نامىزى بۇزۇلمايدۇ، ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىپ سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ.

**مەسلەن:** ئەگەر بىر كىشى پېشىن نامىزى ئوقۇپ، تۆتىنچى رەكئەتتىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ بەشىنچى رەكئەتنى ئوقۇماقچى بولغان بولسا، (ئورنىدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن) ئېسىگە كېلىپ قالسا ياكى باشقىلار ئۇنى ئاگاھلاندۇرسا، ئۇنداقتا ئۇ تەكبىر ئوقۇمايلا قايتا ئولتۇرۇپ نامىزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، تەشەھھۇتتىن كېيىن سالام بېرىدۇ، ئاندىن ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىپ، يەنە سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ. ئەگەر تاكى ناماز ئاياغلاشقۇچە ئۇ ئۆزىنىڭ بىر رەكئەتنى ئارتۇق ئوقۇغانلىقىنى بىلمەي قالسا، سالام بېرىپ نامازنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن بىلسە يەنە ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىپ سالام بېرىپ نامازنى

ئاياغلاشتۇرىدۇ.

2. ئەگەر ناماز ئاياغلاشماي تۇرۇپلا سالام بېرىپ نامازدىن چىقىپ كەتسە، ئاندىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېسىگە كەلسە، ياكى باشقىلار ئۇنىڭ ئېسىگە سالسا ئۇ قالغان نامازلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇپ، سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ، نامازدىن كېيىن ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىپ سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ.

**مەسىلەن:** ئەگەر بىر كىشى پېشىن نامىزى ئوقۇغان بولسا، ئۈچىنچى رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېھتىياتسىزلىقتىن سالام بېرىپ نامازدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ بىر رەكئەتنى كەم ئوقۇغىنى يادىغا كېلىپ قالسا، ياكى بىرەرى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويسا ئۇ تۆتىنچى رەكئەت نامازنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن سالام بېرىدۇ، سالامدىن كېيىن ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىپ ، سالام بېرىپ نامازنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

3. ئەگەر نامازدا بىرىنچى قېتىم تەشەھھۇتتا ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالسا، ياكى نامازنىڭ باشقا مۇھىم مەزمۇنىدىن بىرەرنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنداقتا ناماز ئاخىرلىششتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىپ نامازدىن چىقسا بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكەتنى ئورۇنداشتىن بۇرۇن يادىغا يېتىپ قالسا، دەرھال تولۇقلاپ ئورۇندىۋالسىلا بولىدۇ. ئەگەر كېيىنكى ھەرىكەتنى ئورۇنداۋاتقان چېغىدا يادىغا يېتىپ قالسا كەينىگە قايتىپ نامىزنى مۆكەممەل ئورۇندىسا بولىدۇ.

**مەسىلەن:** ئەگەر بىر كىشى ناماز جەريانىدا بىرىنچى تەشەھھۇتنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتسە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈچىنچى رەكئەتنى باشلىماقچى بولغاندا يادىغا يەتسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قايتا كەينىگە يېنىپ تەشەھھۇتتا ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. پەقەت نامازدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىپ، ئاندىن سالام بېرىپ نامازدىن چىقسىلا بولىدۇ.

4. ئەگەر نامازدا ئۆزىنىڭ ئىككى رەكئەت ئوقۇغانلىقى ياكى ئۈچ رەكئەت ئوقۇغانلىقىدىن شەكلەنسە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەرىگە مايىل بولمىسا ئۇنداقتا بۇ ئىككى سان ئىچىدىكى ئازراقىنى تاللاپ نامازنى ئادا قىلىدۇ. سالام بېرىپ نامازدىن چىققاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

5. ئەگەر نامازدا ئۆزىنىڭ ئىككى رەكئەت ياكى ئۈچ رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىسە، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەرىگە مايىل بولسا، ئۇنداقتا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان شۇ ساننى مۆئەييەنلەشتۈرۈپ نامازنى ئادا قىلىدۇ، نامازدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىپ ئاندىن سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ.

ئەگەر نامازدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قانچە رەكئەت ئوقۇغىنىدىن شەكلىنىپ قالسا بۇ خىل شەككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەسلىك لازىم، بەلكى ئىشەنچنى ئاساس قىلىش كېرەك.
ئەگەر بەكلا شەكتە قالغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا ئىشەنچنى ئاساس قىلىش كېرەك، چۈنكى بۇ بىر ۋەسۋەسە بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھتىن پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلىشنى تىلەيمىز.

# كېسەل كىشى قانداق پاكلىنىدۇ؟

**1. كېسەل كىشى سۇ بىلەن پاكلىنىشى لازىم.** ئەگەر تاھارەتسىز بولسا سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشى، ئەگەر غۇسلىسىز بولسا سۇ بىلەن غۇسلى قىلىشى لازىم.

**2. ئەگەر كېسەل كىشىنىڭ ئىمكانىيىتى يار بەرمىسە،** ياكى سۇ بىلەن پاكلانسا كېسىلىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىدىن ياكى ۋاقتى سوزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇنداقتا ئۇ تەيەممۇم قىلىپ پاكلانسا بولىدۇ.

**3. تەيەممۇم قىلىشنىڭ شەكلى:** تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلى قىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلىنىدۇ، ئاندىن قولنى يەرگە ياكى توپا قونغان تام دېگەندەك نەرسىگە ئۇرۇپ، يۈزى ۋە قولغا مەسھ قىلىدۇ.(سىيلايدۇ)

**4. ئەگەر كېسەل كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىشقا،** غۇسلى قىلىشقا ياكى تەيەممۇم قىلىشقا ئىمكانىيىتى يار بەرمىسە باشقىلار ئۇنى تاھارەت ئالدۇرسا، غۇسلى قىلدۇرسا ياكى تەيەممۇم قىلدۇرسا بولىدۇ.

**5. ئەگەر تاھارەتتە يۇيۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەزالارنىڭ بىرەرىدە جاراھەت بولسا،** ئوخشاشلا سۇ بىلەن تاھارەت ئالىدۇ. ئەگەر سۇ بىلەن تاھارەت ئالسا جاراھەتنىڭ ساقىيىشىغا تەسىر كۆرسەتسە ئۇنداقتا قولنى نەمدەپ ۋۆل قولى بىلەن شۇ جاينى سىيلىسا بولىدۇ؛ ئەگەر سىيلىسىمۇ جاراھەتكە تەسىرى بولسا ئۇنداقتا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ.

**6. ئەگەر تاھارەت ئالىدىغان ئەزالارنىڭ بىرى سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ،** ئۇنىڭ ئۈستىدە تېڭىق بولسا ئۇنداقتا قولنى نەمدەپ شۇ يەرنى سىيلىسا بولىدۇ. تەيەممۇم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**7. تام ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش پاك بولغان، توپا قونغان نەرسىنى سىيلاپ تەيەممۇم قىلىشقا بولىدۇ.** ئەگەر تام سىرلانغان بولسا ئۇنداقتا بۇ تامنى سىيلاپ تەيەممۇم قىلىشقا بولمايدۇ، ئەگەر سىرنىڭ ئۈستىدە توپا بولسا ئۇنداقتا بولىدۇ.

**8. ئەگەر كېسەل كىشىنىڭ تامنى سىيلاپ تەيەممۇم قىلىشقا قۇربىتى يەتمىسە،** ئۇنداقتا توپىنى قۇتىغا ياكى قول ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەرگە ئوراپ، شۇنى ئۇرۇپ تەيەممۇم قىلسىمۇ كېرەك يوق.

**9. ئەگەر كېسەل كىشى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان بولسا،** شۇ تەيەممۇم بىلەن بىر قېتىملىق نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، تاكى كېيىنكى قېتىملىق نامازغىچە ئۇنىڭدا تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار كۆرۈلمىسە ئۇنداقتا ئۇ ئىككىنچى قېتىم قايتا تەيەممۇم قىلمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تاھارىتىنى ساقلىدى.

**10. كېسەل كىشى بەدىنىنى نىجىس نەرسىلەردىن پاكلىشى كېرەك،** ئەگەر پاكلاش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ نامىزىدا مەسىلە يوق، قايتا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

**11. كېسەل كىشى چوقۇم كىيىمىدىكى نىجىسلەرنى تازىلىشى،** پاكىز كىيىملەر بىلەن نامازنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭغا قۇربىتى يەتمىسە نامىزى خاتا بولمايدۇ، قايتا ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

**12. كېسەل كىشى چوقۇم پاكىز جايدا ناماز ئوقۇشى كېرەك.** ئەگەر ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇندا نىجىس نەرسىلەر بولسا ئۇ شۇنى نىجىسلىكنى تازىلىشى ياكى پاكىز جايغا يۆتكىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭغا قۇربىتى يەتمىسە نامازنى شۇنداق ئوقۇۋەرسىمۇ خاتا بولمايدۇ.

**13. كېسەل كىشى تاھارىتى بولمىغانلىق سەۋەبىدىن نامازنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.** چوقۇم زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تاھارەت ئېلىشى، نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشى كېرەك. مەيلى پاكىز كىيىم، پاكىز ئورۇن تاپالمىسىمۇ!

# كېسەل كىشى نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟

**1. كېسەل كىشى پەرز نامازلارنى چوقۇم ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشى لازىم.** بېلىنى ئېگىۋالسىمۇ، تامغا يۆلىنىۋالسىمۇ، ھەتتا قولىدا ھاسا تۇتۇۋالسىمۇ مەيلى.

**2. ئەگەر كېسەلنىڭ ئۆرە تۇرۇشقا قۇربىتى يەتمىسە، ئولتۇرۇپ ئوقۇشى كېرەك.** قىيامدا ۋە رۇكۇدا ئەڭ ياخشىسى پۇتىنى تۆگىۋالغىنى تۈزۈك.

**3. ئەگەر كېسەل كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا قۇربىتى يەتمىسە،** ئۇنداقتا يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ يانچە يېتىپ ناماز ئوقۇشى كېرەك، ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ياتقىنى ئەڭ ئەۋزەل. ئەگەر يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىشقا ئىمكانىيىتى بولمىسا ئەسلى قاراپ ياتقان تەرىپىگە قاراپ ئوقۇسىمۇ نامىزى خاتا بولمايدۇ.

**4. ئەگەر كېسەلنىڭ يانچە يېتىشقا قۇربى يەتمىسە،** ئۇنداقتا ئوڭدا يېتىپ ناماز ئوقۇسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ يېتىپ، ئەڭ ياخشىسى بېشىنى ئازراق كۆتۈرۈپ ياتقىنى ئەۋزەل، بۇنىڭدا يۈزىنى قىبلىگە قارىتالايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پۇتىنى قىبلىگە قارىتىشقا قۇربى يەتمىسە ئۇنداقتا ئۇ ئەسلى ياتقان ھالىتىدە نامازنى ئوقۇۋەرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

**5. كېسەل كىشى نامازدا چوقۇم رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىش لازىم.** ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمىسە ئۇنداقتا ئىشارەت ئارقىلىق ئورۇنداش كېرەك. ئىشارەت ئارقىلىق سەجدە قىلغاندا باش رۇكۇ قىلغاندىكىدىن سەل تۆۋەنرەك بولىدۇ. ئەگەر رۇكۇ قىلىپ، سەجدە قىلالمىسا رۇكۇ قىلىدۇ، سەجدىدە رۇكۇ قىلىپ بېشى ئارقىلىق سەجدىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئەگەر سەجدە قىلىپ رۇكۇ قىلالمىسا سەجدە قىلىپ بېشى ئارقىلىق رۇكۇغا ئىشارەت قىلىدۇ.

**6. ئەگەر كېسەلنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىشقا زادىلا ئىمكانىيىتى بولمىسا،** ئۇنداقتا ئۇ كۆز ئارقىلىق رۇكۇ ۋە سەجدىگە ئىشارەت قىلىدۇ. كۆزنى بوش يۇمۇش ئارقىلىق رۇكۇغا، بەكرەك يۇمۇش ئارقىلىق سەجدىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

**ھازىرقى بەزى كېسەللەرنىڭ قىلىۋاتقىنىدەك، نامازنى بارماقلار ئارقىلىق ئىشارەت قىلىپ ئوقۇش مەسىلىسىگە كەلسەك،** مەن قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىسلەردە بۇنىڭ توغرا بولۇشىغا دەلىل تاپالمىدىم. فىقھشۇناس ئالىملارنىڭمۇ بۇ ھەقتە ھېچقانداق سۆزىنى بىلمىدىم.

**7. ئەگەر كېسەل كىشى رۇكۇ، سەجدىلەرنى قىلالمىسا،** ھەتتا كۆزى ئارقىلىقمۇ ئىشارەت قىلالمىسا، ئۇنداقتا ئۇ قەلبى ئارقىلىق ناماز ئوقۇيدۇ. قەلبىدە تەسبىھ ئوقۇپ نامازغا كىرىدۇ، قۇرئانى كەرىم سۈرىلىرىنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن قىيامدا تۇرغانلىقىغا، رۇكۇغا بارغانلىقىغا، سەجدە قىلغانلىقىغا نىيەت قىلىدۇ، چۈنكى ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ نىيىتىگە يارىشا ئەجرگە ئېرىشىدۇ.

**8. كېسەل كىشى چوقۇم نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشى لازىم.** كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ، نامازنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر ھەربىر ۋاقىت نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش كېسەلگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرسا ئۇنداقتا پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى، شام بىلەن خۇپتەن نامازلىرىنى جۇغلاپ بىللە ئوقۇسا بولىدۇ. ئەگەر نامازنى ئالدىغا سۈرۈپ ئوقۇماقچى بولسا ئۇنداقتا ئەسىر نامىزىنى پېشىنىنىڭ، خۇپتەن نامىزىنى شام نامىزىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇسا بولىدۇ؛ ئەگەر نامازنى كېيىنگە سۈرۈپ ئوقۇماقچى بولسا پېشىن نامىزىنى ئەسىرگىچە، شام نامىزىنى خۇپتەنگىچە كېچىكتۈرسە بولىدۇ، بۇ كېسەل ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. لېكىن بامدات نامىزىنى باشقا

نامازلار بىلەن جۇغلاشقا بولمايدۇ.

**9. ئەگەر كېسەل سەپەرچى بولۇپ، يات ئەلدە كېسەل داۋالىتىۋاتقان بولسا**، ئۇنداقتا ئۇ تاكى يۇرتىغا قايتقۇچە نامىزنى قىسقارتىپ ئوقۇسا بولىدۇ. پىشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى تۆت رەكئەتتىن ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىشقا بولىدۇ. مەيلى ئۇ يات ئەلدە قانچە ۋاقىت تۇرۇپ قالسۇن، يۇرتىغا قايتقۇچە نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇسا بولىدۇ.

**ئاللاھ ئەڭ ياخشى ھامىيدۇر.**

## ئاللاھنىڭ قۇلى: مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل ـ ئۇسەيمىن

# جامائەت نامزىغا قاتنىشش زۆرۈر

بۇ شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبن ئابدۇللا ئىبن بازنىڭ ئالاھنىڭ ياردىمگە ئېرىشىشنى ئۈمد قىلىدىغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئاتاپ يازغان بىر پارچە ماقالىسى. ئى ئاللاھ! بىزنى ۋە ئۇلارنى مەغفىرىتىڭگە ۋە مۇھەببىتىڭگە ئېرىشكۈچىلەردىن قىلغىن! بىزنى غەلبىگە مۇۋەپپەق قىلغىن! ئامىن!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بارىكەتۇھۇ:

ھازىر نۇرغۇن كىشلەر بىر قىسىم ئالىملارنىڭ دىندا ئاسانلىق يارىتىش، دېگەن سۆزىنى باھانە قىلىپ جامائەت نامزىغا سەل قاراۋاتىدۇ، مېنىڭچە مەن بۇ مەسلىنىڭ خەتىرىنى چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشىم كېرەك. مۇسۇلمانلار ئاللاھ ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئالاھىدە تىلغا ئالغان ئىشتا سۇسلۇق قىلماسلىقى لازىم. ھەقىقەتەن، ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدا نامازنى كۆپ ئورۇندا تىلغا ئېلىپ مۇسۇلمانلاردىن نامازنى بەرپا قىلىشنى، جامائەت نامزىنى تەرك ئەتمەسلىكنى تەلەپ قىلغان. شۇنداقلا نامازنى تەرك ئېتىش ۋە نامازنى خۇشياقماسلىق بىلەن ئوقۇشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ الْوُسْطَى وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ ﴾ [البقرة آية :(238)]

« (بەش) نامازنى بولۇپمۇ نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار). الله نىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار [سۈرە بەقەرە: 238]»

**ئۇنىڭ نامازغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟** ھەقىقەتەنمۇ، بىر كىشىنىڭ جامائەت نامزىغا قاتناشمىغانلىقى ئۇنىڭ نامازغا سەل قارىغانلىقىدۇر. ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ ﴾ [البقرة آية :(43)]

« نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار [سۈرە بەقەرە: 43]»
بۇ ئايەتتە چوقۇم **جامائەت نامزىغا قاتنىششنىڭ زۆرۈرلۈكى**نى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتە ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ:

﴿ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ ﴾

رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار.
ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلَاةَ فَلْتَقُمْ طَائِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُوا أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُوا فَلْيَكُونُوا مِن وَرَائِكُمْ وَلْتَأْتِ طَائِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّوا فَلْيُصَلُّوا مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ ﴾ [النساء آية : (102)]

(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ

بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قورالللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۈزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياجلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، [ سۈرە بەقەرە: 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

**ئۇلۇغ ئالالاھ جەڭ مەيداندىمۇ جاماڭەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۋاتسا، تىنچ كۈنلەردە ئەجبا بۇنى تەلەپ قىلماسمۇ؟**

ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ جاماڭەت نامىزىغا قاتناشماسلىقىغا رۇخسەت قىلىنغان بولسا، ئۇ چوقۇم جەڭ مەيداندا دۈشمەنلەرنىڭ خىرىس قىلىشىغا دۇچ كېلىۋاتقان جەڭچىلەرگە رۇخسەت قىلىنىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىدى. مەلۇم بولغىنىدەك، جاماڭەت نامىزىغا قاتنىشىش مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنى تەرك ئېتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ئەڭ توغرا بولغان ئىككى ھەدىس توپلىمىدا (سەھىھۇلبۇخارى ۋە سەھىھۇلمۇسلىم) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنى نامازغا بۇيرىسام، بىرى ئىمام بولسا، ئاندىن كىشىلەرنى كەلسە، ئوتۇن يىغىپ ئاشۇ جاماڭەت نامىزغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتسەم دەيمەن.»

سەھىھۇلمۇسلىمدا ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ:« قاراڭلار، بىز ھېچقاچان نامازدىن قالمايمىز، ھەممەيلەن بىلىدىغان مۇنافىقلار ياكى كېسەللەردىن باشقىلار. ھەتتا كېسەللەرمۇ ئىككى كىشىنىڭ يۆلىشىدە نامازغا كېلىدۇ.»

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:« ئالالاھنىڭ ئەلچىسى بىزگە توغرا ئەمەلنى ئۆگەتتى، توغرا ئەمەللەر ئىچىدىكى بىرى، ئەزان ئوقۇلىدىغان مەسچىتتە ناماز ئوقۇش.»

«سەھىھۇلمۇسلىم» كىتابىدا ئۇنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى خاتىرىلەنگەن: « كىمكى ئۇزىنىڭ رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى خالىسا، ئۇنداقتا، بىرى نامازغا چاقىرغاندا جاۋاب قايتۇرسۇن. ئالالاھ ھەقىقەتەنمۇ پەيغەمبىرىڭلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەردى. ناماز توغرا يولنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەگەر سىلەرمۇ ئاشۇ نامازغا سۇسلۇق قىلغۇچىلاردەك نامازنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇماقچى بولساڭلار، ئۇنداقتا سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى ئىنكار قىلغان بولىسىلەر. ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى ئىنكار قىلساڭلار ھەقىقەتەنمۇ ئازغانلاردىن بولىسىلەر؛ ھەرقانداق كىشى كامىل تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇسا ئالالاھ ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن بىر ساۋاب يازىدۇ، دەرىجىسىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرىدۇ، بىر گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ؛ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق، پەقەت ھەممىگە ئاشكارە بولغان مۇنافىقلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە ئىختىلاپى بار؛ كۆردۈڭلارمۇ؟ بىر كىشى ھەتتا ئىككى ئادەمنىڭ يۆلۈشىلىشىدا مەسچىتكە نامازغا بارىدۇ.»

«سەھىھۇلمۇسلىم» كىتابىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ. بىر كىشى كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىدى: ئى ئالالاھنىڭ ئەلچىسى، مېنى مەسچىتكە ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم يوق.(ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيتتى)، نامازنى ئۆيدە ئوقۇشۇمغا رۇخسەت قىلالاملا؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورىدى: ئەزاننى ئاڭلىيالامسەن؟ ھېلىقى كىشى ئېيتتى: ئاڭلىيالايمەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا دېدى: ئەزانغا جاۋاب قايتۇرغىن. ( نامازغا كەلگىن)

جاماڭەت نامىزغا قاتنىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەدىسلەر نۇرغۇن. چوقۇم ئالالاھنىڭ ئۆيى

بولغان مەسچىتلەردە جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش كېرەك. ھەربىر مۇسۇلمان بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرى، ئەھلى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ئارىسىدا بۇنى بەرپا قىلىشى، ئۇنىڭغا ئالدىرىشى، بىر ـ بىرىنى مەسچىتتە جامائەت نامىزىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىشى كېرەك. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇيرۇغانغا ئەمەل قىلىشى، ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلى چەكلىگەندىن چەكلىنىشى، مۇنافىقلارغا ئوخشاپ قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئىش ـ ئەمەللەردىن يىراقلىشىشى كېرەك، ئاللاھ مۇنافىقلارنىڭ سۈپىتىنى ئەڭ ناچار سۈپەت دەپ تەرىپلەيدۇ، ئۇلار نامازغا ھورۇنلۇق قىلىدۇ. ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا مۇنداق دېگەن:

﴿ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ يُخَادِعُونَ اللَّهَ وَهُوَ خَادِعُهُمْ وَإِذَا قَامُوا إِلَى الصَّلاَةِ قَامُوا كُسَالَى يُرَاءُونَ النَّاسَ وَلاَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ إِلاَّ قَلِيلاً ۞مُذَبْذَبِينَ بَيْنَ ذَلِكَ لاَ إِلَى هَؤُلاَءِ وَلاَ إِلَى هَؤُلاَءِ وَمَن يُضْلِلِ اللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُ سَبِيلاً﴾ [النساء آية : (142-143)]

شۇبھىسىزكى، مۇناپىقلار ﷲ نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ﷲ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ، ئۇلار ناماز ئۇچۇن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)، ﷲ نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ. مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، نە ئۇلارغا، نە بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس (يەنى مۆمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس)، كىمنى ﷲ گۇمراھ قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ توغرا يول تاپالمايسەن. [سۈرە نىسا 142 ـ 143 ـ ئايەتلەر].

جامائەت نامىزىغا قاتنىشىشنى تەرك ئېتىش نامازنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىنى تەرك ئېتىشتۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، نامازنى تەرك ئېتىش ئاللاھنى ئىنكار قىلىش، گۇمراھلىق ۋە مۇرتەدلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: « بىر كىشى (مۇسۇلمان) نىڭ مۇشرىك ۋە دىنسىزدىن پەرقى نامازدۇر». جابىر رىۋايىتى. ( سەھىھۇلمۇسلىم)

ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: « بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەھدى نامازدۇر. كىمكى نامازنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ ئىنكار قىلغان بولىدۇ.» ① يۇقارقى ئايەت ۋە ھەدىسلەر نامازنىڭ مۇھىملىقىنى، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنى بەرپا قىلىشى ۋە قەتئىي ئەمەل قىلىشى لازىملىقى تەكىتلەيدۇ. ئاللاھنىڭ بىزگە كۆرسىتىپ بەرگىنىدەك، نامازنى تەرك ئېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قەتئىي تەرك ئېتىش لازىم.

**ھەربىر مۇسۇلمان ھەر ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغاندەك ئورۇندىشى، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ئورۇنلىشى لازىم. ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا چەكسىز ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرۈشى، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ۋە قاتتىق ئازابىدىن پاناھ تىلىشى لازىم.**

ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەققەت كېلىدىكەن، ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىغا ئىمكانىيەت قالمايدۇ. چۈنكى ھەممىگە قادىر ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً﴾ [النساء آية : (59)]

① ترمىزى ھەدىس توپلىمىدا رىۋايەت قىلىنغان.

ئى مۆمىنلەر! اﷲ قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اﷲ قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى اﷲ نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر [سۈرە نىسا: 59].

ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ يَتَسَلَّلُونَ مِنكُمْ لِوَاذاً فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ [النور

آية : (63)]

پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن [سۈرە نۇر: 63]

**ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، جامائەت نامىزىغا قاتنىششىنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.** ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغىنى، ئۆز ـ ئارا چۈشىنىش، ھەققانىيەت ۋە ئاللاھتىن قورقۇش يۈزىسىدىن بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش، ئۆز ـ ئارا ھەقنى تەۋسىيە قىلىش، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىش قاتارلىقلار. نامازدىن قالغانلارنى يېتەكلەپ جامائەت نامىزىغا باشلاپ كېلىشنىڭ ساۋابى ناھايىتى كاتتىدۇر.

ئاللاھتىن بىزنىڭ ئىلىممىزنى زىيادە قىلىپ بېرىشنى، ئىككى دۇنيالىقىمىزنى ياخشىلاپ بېرىشنى تىلەيمىز؛ بىزنىڭ جىسمىمىزنى ۋە روھىمىزنى، دىنىمىزنى زىيان ـ زەخمەتلەردىن ساقلىشىنى، بىزنى مۇنافىقلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىشى تىلەيمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن بەك مېھرىبان، بەك سېخىيدۇر.

ئاللاھتىن پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئەھلى ـ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلىشىنى تىلەيمىز. ئامىن!

(تۈگىدى)